# ئىسلام ۋە كەمبەغەللىك

*بىكار تەلەپلىك دۇنيادىكى ئەڭ ناچار ۋە ئوسال ئىش.

*كەمبەغەللىك گۇناھ ۋە كۇفرىنىڭ يولى.

*كەمبەغەللىك ئەقىدە ۋە ئەخلاقىا خەتەرلىك بولغان ئەڭ چوڭ ئاپەت.

بىكار تەلەپلىك ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە ئىنسانى نوقتىدىن خەتەرلىك قىيىنچىلىقتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ دورىسى تېپىلمىسا، ئۇنىڭ خەتىرىنىڭ تەسىرى شەخس، ئائىلە ۋە جەمىيەتكە چوڭ بولىدۇ.

شەخسكە قارىتا خەتىرى:

*ئىقتىسادى جەھەتتىن كىرىمى يوقۇلىدۇ.

* سالامەتلىك جەھەتتىن ھەركەت قىلالمايدۇ.

*پسىخولوگىيە جەھەتتىن بوشلۇق ۋە بىكارچىلىقتا ياشايدۇ.

* ئىجتىمائى جەھەتتىن باشقىلارغا غەزەپ قىلىدۇ.

ئائىلىگە قارىتا خەتىرى:ئائىلە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يوقىتىدۇ، ئائىلىنىڭ ئىشەنچىسى يوقايدۇ، ھەممىيلەن ئىككىلىنىش، كەلگۈسىدىن ئەنسىرەش ۋە داۋالغۇش ھالىتىگە ئۇچرايدۇ.

جەمىيەتكە قارىتا خەتىرى:ئىقتىسادى جەھەتتىكى خەتىرى بولۇپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى يوقۇلىدۇ، مۇقىملىق جەھەتتىكى خەتىرى باشقىلارغا قارشى كۈشكۈرتۈش رولىنى ئوينايدۇ، ئەخلاقى جەھەتتىكى خەتىرى بىكارلىق، يامانلىق ۋە

جىنايەتتىن باشقىنى ئۆندۈرمەيدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى بىكار تەلەپلىكنى ياقتۇرمايدۇ، خىزمەت قىلىشقا ۋە دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن رىزىق ئىزدەشكە قىزىقتۇرىدۇ.رىزىق ئۈچۈن جاھان كەزگەنلىكنى-نىيەت توغرا بولسا، ئامانەت رىئايە قىلىنسا-ئىبادەت ۋە جىھاد دەپ قارايدۇ.قانداق ئىش بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئاددى بولسىمۇ بىر خىزمەت بولىشى، شۇ ئارقىلىق يۈزىنىڭ سۈيىنى تۆكۈشتىن ساقلىشى لازىم، رەسۇلۇللاھ:"بىر ئادەم ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ يېگەندىنمۇ ياخشىراق تاماق يېيەلمەيدۇ"دېگەن.بۇخارى رىۋايىتى.

بىكار تەلەپلىك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1.مەجبۇرى بىكار تەلەپلىك.

2.ئىختىيارى بىكار تەلەپلىك.

1 .مەجبۇرى بىكار تەلەپلىكتە ئىنساننىڭ ئىختىيارى بولمايدۇ، ئۇ شۇنىڭغا مەجبۇرلىنىدۇ.مەسىلەن، كىچىكىدە بىرەر ھۈنەر ئۆگەنمەسلىك، ياكى ھۈنىرى بار بولسىمۇ زاماننىڭ تەرەققى قىلىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن بازىرىنىڭ كاساتلىشىشىغا ئوخشاش، بۇلار ھۈنىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ياكى باشقا بىر كەسىپ قىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ.لېكىن ئۇلار كەسپىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن سايمان سېتىۋېلىشقا قۇربىتى يەتمەيدۇ، بۇ تۈردىكى كىشلەرنىڭ بىكار تەلەپلىكى زاكات ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ. زاكاتنىڭ ۋەزىپىسى بىر قانچە يۈۋەن ياكى بىر پارچە نان ياكى بىر قاچا بۇغداي بېرىپ قويۇشلا ئەمەس،زاكاتنىڭ ۋەزىپىسى كەمبەغەلنى كەمبەغەللىكتىن قۇتقۇزۇش،يەنى ئۇنىڭغا مۇقىم كىرىم مەنبەسى ھازىرلاپ بېرىش،

تىلەمچىلىك قىلىش ياكى باشقىلاردىن بىر نەرسە سوراشتىن بىھاجەت قىلىشتۇر.مەسىلەن، كەسپىدارلار ۋە ھۈنەرۋەنلەر  بولسا ئۇلارغا سايمان ئېلىپ بېرىشكە ئوخشاش. دېمەك، ئۇنىڭ ھاجەت بولغان نەرسىسىنى ئېلىپ بېرىپ كەمبەغەللەر قاتارىدىن چىقىرىپ تاشلاش لازىم.

2. ئىختىيارى بىكار تەلەپلىك:

ئىختىيارى بىكار تەلەپلىك دېگەن خىزمەت قىلىشقا قادىر تۇرۇپ ئولتۇرۇۋالىدىغان، راھەتپەرەس ۋە باشقىلارغا تايىنىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر، بۇلار ئېلىشنى بىلىدۇ، بېرىشنى بىلمەيدۇ، باشقىلاردىن پايدىلىنىدۇ، باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈشنى بىلمەيدۇ، ئىشلىتىشنى بىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشنى بىلمەيدۇ.توسالغۇ بولمىسىمۇ ھورۇنلۇق قىلىپ خىزمەت قىلمايدىغان بۇ تۈردىكى بىكار تەلەپلەرنىڭ ئىستىلىغا-گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى تەركى دۇنيا بولۇپ ئاخىرەت ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتىۋەتكەنلەر دەپ داۋا قىلسىمۇ-ئىسلام دىنى قارشى تۇرىدۇ. چۈنكى ئىسلامدا راھىبلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئاللەمدىكى ئەڭ ناچار ۋە يامان نەرسە بىكار تەلەپلىك.رەسۇلۇللاھ:"ئاللاھ كەسپىدار مۆمىننى ياخشى كۆرىدۇ"دەيدۇ،(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىس، سوپىلىقنى دەۋا قىلىپ، ئەمەل قىلمايدىغان(يەنى خىزمەت قىلمايدىغان)ياكى بىلىمى ئارقىلىق باشقىلارغا پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان مۇنداق تۈردىكى كىشىلەرنى ئەيىپلەيدۇ.

كۆپلىگەن كىشىلەر خىيال قىلغاندەك كەمبەغەللەر ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھەممىسى زاكاتقا مۇھتاج بولمايدۇ.مەسىلەن، خىزمەت قىلالايدىغان تۇرۇپ خىزمەت قىلمايدىغان(يەنى بىر ئىش قىلمايدىغان)بىكار تەلەپكە زاكات بېرىشكە ياكى

داۋاملىق شەكىلدە مائاش بېرىشكە بولمايدۇ.چۈنكى بۇ بىكار تەلەپلىكنى كۈچەيتىپ قويىدۇ،ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى پالەج قىلىدۇ،زاكاتقا ھەقىقى تېگىشلىك بولغان كىشلەرنى قىستايدۇ.رەسۇلۇللاھ:"زاكات ياكى سەدىقە باي ۋە راۋۇرۇس(يەنى بىر ئىش قىلالايدىغان ساغلام)ئادەمگە ھالال بولمايدۇ"دېگەن.(ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان). رەسۇلۇللاھ بىر نەرسە سوراپ كەلگەن بەدەنلىرى ساغلام ۋە خىزمەت قىلىش قولىدىن كېلىدىغان يىگىتكە بىر دانە كەكىنى بېرىپ 15 كۈنگىچە كۆزۈمگە يولۇققۇچى بولما دېگەن. يەنى ئۇ يىگىتنى ئۇتانچىلىقتەك ئاددى ئىش بولسىمۇ قىل دەپ كۆرسەتمە بەرگەن. رەسۇلۇللاھ بۇ يەردە ئۇ ياشنىڭ بىكار تەلەپلىك قىيىنچىلىقنى ۋەز-نەسىھەت ياكى نەق ماددى ياردەم بىلەن ھەل قىلمىدى، بەلكى ئۇنىڭغا ئۆزىدە بار ئىمكانىيەتنى ئىشقا سېلىشقا يول كۆرسەتتى.شۇنداقلا ھالال رىزىق كەلتۈرىدىغان ھەر قانداق خىزمەت-گەرچە ئۇتانچىلىق قىلىش بولسىمۇ-شەرەپلىك ئىش دېدى. ئۇنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىمكانىيىتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن 15 كۈن مۆھلەت بەردى.دېمەك، رەسۇلۇللاھ قىيىنچىلىقنى-نەزىرىيە بىلەن ئەمەس-ئەمەلى ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلدى.

دىۋانى ۋە تىلەمچىلەرگە قارشى تۇرۇشتا نەسىھەت ۋە سۆز بىلەن قارشى تۇرماي، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ مۇناسىپ خىزمەت تېپىپ بەرسەك، ئۇنىڭدا ئىقتىدار بولسا شۇ ئىقتىدارغا يول تېپىپ بەرسەك قىيىنچىلىق ئاسانلا ھەل بولىدۇ.يەنى شۇ تىلەمچىلەردە ھۈنەر ياكى بىرەر كەسىپ بولسا سايمان ئېلىپ بېرىپ ئىشقا سېلىپ قويساق بولىدۇ. زاكات پۇلىغا شىركەت، زاۋۇت قۇرۇپ بىكارتەلەپلەرنى ئىشقا سېلىپ مائاش بەرسەك بۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

بىكار تەلەپلىك تېمىسىدا شۇنى بايان قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئىبادەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن يەنى ئىبادەت بىلەنلا بولۇپ تەركى دۇنيا بولۇپ كەتكەن كىشى زاكاتقا ھەقلىق بولمايدۇ، يەنى ئۇنىڭغا زاكات بېرىلمەيدۇ.چۈنكى ئۇنىڭ پايدىسى يالغۇز ئۆزى ئۈچۈن بولىدۇ.مۆمىن كىشى رىزىق ئۈچۈن زېمىننىڭ ھەر تەرەپلىرىدە مۇساپىر بولۇشقا بۇيرۇلغان، تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىيەت تۇغرا بولسا ۋە ئاللاھ كۆرسەتكەن بەلگىلىمىنى ئاساس قىلىسا ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولىدۇ.

بىلىم-مەرىپەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن-تىرىشچان-ئوقۇغۇچى مۇھتاج بولسا زاكات ئالسا بولىدۇ. چۈنكى ئوقۇغۇچى ئىسلامدىكى پەرز كىفايىنى ئادا قىلىدۇ، ئىلىمنىڭ پايدىسى يالغۇز ئۇنىڭ ئۈچۈنلا بولمايدۇ، بەلكى پۈتۈن ئۇممەت ۋە مىللەت ئۈچۈن بولىدۇ.(شەرھى غايەتۇل مۇنتەھا 2-توم،137-بەت، ھاشىيە رەۋزى مۇرەببە1-توم،400-بەت، ئىمان نۇۋەۋىنىڭ مەجمۇ 6-توم 190-بەتكە قاراڭ).

كەمبەغەللىك قىيىنچىلىقى:

ئىسلام دىنى كەمبەغەللىكنى مۇقەددەس بىلىدىغان كۆز قاراشلارنى رەت قىلىدۇ، شۇنداقلا سوپىلارغا مانى دىنى، ھىندى سوفىزىملىقى ۋە خرىستىيان راھىبلىقى...دىن سىڭىپ كىرگەن كۆز قاراشلارنى رەت قىلىدۇ.كەمبەغەللىكنى ماختاش ۋە مۇقەددەس بىلىش باشقا دىندىن سىڭىپ كىرگەن كۆز قاراشتۇر.قۇرئان كەرىم ۋە سەھى ھەدىس شەرىفتە كەمبەغەللىكنى ماختىغان بىرمۇ دەلىل تېپىلمايدۇ.

دۇنيادا زاھىدلىق قىلىشنى ماختاپ كەلگەن ھەدىسلەر كەمبەغەللىكنى ماختىمايدۇ، چۈنكى زاھىدلىق دېگەن زاھىدلىق قىلىدىغان مال-مۈلكىنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ(يەنى مال-دۇنيا بولسا ئاندىن زاھىدلىق بولىدۇ)،ھەقىقى زاھىد دېگەن مال-دۇنيانى قەلبىگە كىرگۈزۋالماي قولىدا تۇتىدىغان كىشىدۇر.

كەمبەغەللىك ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، سىياسى ۋە ئىنسانى مۇشكىلىدۇر(يەنى قىيىنچىلىقتۇر). شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى كەمبەغەللىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ۋە ئىنساننى كەمبەغەللىك بېسىمىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى .ئىسلامنىڭ بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈشى ئىككى سەۋەبتىن، ئىسلامنىڭ ئىنسانغا قارىتا نەزىرى ۋە ئىسلامنىڭ كەمبەغەللىككە قارىتا نەزىرى:

1.ئىسلامنىڭ ئىنسانغا قارىتا كۆز قارىشى:

ئىسلام دىنى ئىنسانغا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارايدۇ، ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ قىممىتىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ قەدىرىنى-باشقا دىنلار ۋە پەلسەپىلەر تونۇپ باقمىغان-دەرجىگىچە ئۇستۇن قىلىدۇ.قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنى بايان قىلىپ:"شەك-شۈبھىسىزكى،بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا(ئۇلاغلارغا)مىندۇردۇق،دېڭىزدا(كېمىلەرگە)چىقاردۇق،ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق،ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۇستۇن قىلدۇق"دەيدۇ.بەنى ئىسرائىل سۈرىسى،70-ئايەت.شۇنداقلا ئاللاھ ئىنساننى خەلىپە قىلغانلىقىنى ئىلان قىلدى، ئۇستۇن ۋە تۆۋەن مەخلۇقاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردى.ھەر قانداق مەخلۇق ئىنساننىڭ مەنپەئەتنى

ۋە خىزمىتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ:"بىلمەمسىلەركى، اللە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى(يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى).سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋى) نېمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى" لوقمان سۈرىسى،20-ئايەت. مانا بۇ ئىنساننىڭ ئىسلامدىكى قىممىتى، ئۇنداقتا ئىنساننىڭ زېمىندا ياشىيالىشى، زېمىندا خەلىپىلىك قىلىپ زېمىننى گۈللەندۇرۇشى ۋە ئاللاھغا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىنساننىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى، زۆرۈررىيەتلىرىگە رىئايە قىلىشى، ئىنسانلىق تەلەپلىرىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.ئاللاھ ئىنساننىڭ قۇرۇلمىسىنى جىسىم،ئەقىل ۋە روھتىن تەركىب تاپتۇردى،ھەر بىرسىنىڭ تەلەپلىرى ۋە ئېھتىياجلىرى بولىدۇ.بەدەننىڭ زۆرۈرىيىتى، ئەقىلنىڭ ئىنتىلىشى ۋە روھنىڭ سېغىنىشى بولىدۇ. ئىنساننىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسى قانمىسا ئىنسان بولمايدۇ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەر بىر ئىنساننىڭ كەمبەغەل ئىنسانغا بىر نەرسە بەرگەنلىكى ئاللاھغا بەرگەنلىكى دەپ بايان قىلدى، كىم ھاجەتمەن كىشىگە ياردەم بەرسە خۇددى ئاللاھغا قەرز بېرىپ تۇرغاندەك بولىدۇ،كىم مىسكىنگە سەدىقە بەرسە، ئۇنىڭ سەدىقىسى مىسكىننىڭ قولىغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئاللاھنىڭ قولىغا چۈشكەن بولىدۇ.

2. ئىسلامنىڭ كەمبەغەللىكە قارىتا كۆز قارىشى:

ئىسلام دىنى كەمبەغەللىكنى ئەقىدە، ئەخلاق، ساغلام تەپەككۇر قىلىش، ئائىلە ۋە جەمىيەتكە خەتەر دەپ قارايدۇ.ئۇنى پاناھلىنىشقا تېگىشلىك بالا ۋە مۇسىبەت دەپ

قارايدۇ.رەسۇلۇللاھ:"كەمبەغەللىكتىن پاناھ تىلەيتتى"، ئەگەر كەمبەغەللىك يامانلىق ۋە گۇناھ بولمىغان بولسا پاناھ تىلىمىگەن بولاتتى. ھەرزىتى ئائىشىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ:"ئى ئاللاھ، مەن دوزاخنىڭ پىتنىسىدىن، دوزاخنىڭ ئازابىدىن، بايلىقنىڭ پىتنىسىدىن ۋە كەمبەغەللىكنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن"دەيتتى.(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

يەنە رەسۇلۇللاھ:"ئى ئاللاھ، مەن كەمبەغەللىك، يوقسۇزلۇق،ئازلىق، خارلىق ۋە زۇلۇمدىن پاناھ تىلەيمەن" دەيتتى.(ئەبۇداۋۇد،نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى). رەسۇلۇللاھ ماددى ۋە مەنىۋى ئاجىزلىق كۆرۈنۈشلىرىدىن پاناھ تىلەيتتى.رەسۇلۇللاھ كەمبەغەللىكتىن پاناھ تىلەپلا قالماي كەمبەغەللىكنى كۇپىرلىق بىلەن بىر يەردە بايان قىلغانلىقى كەمبەغەللىكنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ:"ئى ئاللاھ، مەن كۇپىرلىق ۋە كەمبەغەللىكتىن پاناھ تىلەيمەن، قەبرىنىڭ ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن"دېگەن.(ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان). ھەدىستە كۇپىرلىق بىلەن كەمبەغەللىك بىر ئورۇندا بايان قىلىنغان، چۈنكى كەمبەغەللىك كۇپىرغا باشلاپ بارىدۇ، كەمبەغەللىك بايلارغا ھەسەت قىلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ،كەمبەغەللىك ياخشىلىقنى يەپ كېتىدۇ، ئىززەت-شەرىپىنى يەرگە ئۇرىدۇ، دىنىنى سۇندۇرىدۇ... بۈيۈك ئالىم سۇفيان سەۋرى:"مەن كەمبەغەللىك ياكى كېسەل بىلەن سىناققا ئۇچرىسام سەزمىگەن ھالەتتە كاپىر بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن" دەيدۇ.

3.ئىسلامنىڭ كەمبەغەللىكنى قوغلىشى:

ئىسلام دىنى كەمبەغەللىكنى تىنماي قوغلىدى، ئۇنى يىلتىزىدىن يوقۇتۇش ۋە ئىنسانلارنى ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات قىلىشقا قاتتىق ئەھمىيەت بەردى. ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ پەرزلىرى، مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى،كەمبەغەللىك ۋە مەھرۇملۇقتىن قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن ئىنساننىڭ ھۆرمىتىگە مۇناسىپ تۇرمۇش ھازىرلاپ بېرىشكە ئاتلاندى. ئىسلام دىنى كىشلەرنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى، زېمىن ۋە ئاسماننىڭ نىئمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى، ئۈستى ۋە ئاستىدىن يېيىشىنى، ھاياتلىقتا پۈتۈن ئەزالىرى ھېس قىلغىدەك بەخت-سائادەتنى ھېس قىلىشىنى ۋە قەلبىنىڭ خاترجەم بولۇشى ئىرادە قىلىدۇ. مۇشۇ ھالەت شەكىللەنگەندە ئاندىن ئىنسان نان ۋە قورساق غېمى بىلەن ئاۋارە بولماي دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھاياتتا بىر كىشىلىك مەجبۇرىيىتىنى ئىجرا قىلىدۇ. قورساق تويمىسا ئاللاھنى  ياخشى تونۇغىلى بولمايدۇ ۋە مۇسۇلماندارچىلىقىنى جايىدا بىجىرگىلىمۇ بولمايدۇ.

كەمبەغەللىكنىڭ خەتىرى ئىنساننىڭ روھى ۋە  ئەخلاقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن تەپەككۇر قىلىش تەرپىگىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ.ھاياتنىڭ زۆرۈر لازىمەتلىكلىرىنى تاپالمىغان مىسكىن قانداقمۇ ئىنچىكە تەپەككۇر قىلالىسۇن؟! ئىمام ئەبۇ ھەنىفە:"ئۆيىدە ئۇنى(يەنى يېمەكلىكى)يوق كىشىدىن مەسلىھەت سورىما"دېگەن.چۈنكى ئۇ كىشى پىكرى چېچىلاڭغۇ، خىيالى مەشغۇل بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پىكرى توغرا بولماي قالىدۇ. رەسۇلۇللاھ:"قازى(سوتچى)ئاچچىغى كىلىپ قالغاندا ھۆكۈم چىقارمىسۇن"دېگەن.ئالىملار ئاچچىغلىنىشقا قورسقى

ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق...نى قىياس قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ زاكاتنى پەرز قىلدى، ئۇنى ئىسلامنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپال مەسىلىلىرىدىن بىرسى قىلىپ بەلگىلىدى.زاكات بايلاردىن ئېلىنىپ كەمبەغەللەرنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك،تۇرالغۇ ئۆي ۋە توي قىلىشقا ئوخشاش تەلەپلىرى ئۈچۈن ئىستىمال قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق بۇ كەمبەغەل ھاياتقا ئاكتىپ قاتنىشالايدۇ، ئاللاھغا ئىتائەت قىلىش ۋە جەمىيەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلالايدۇ.ئۇ ئۆزىنى-تاشلىنىپ قالغان نەرسە ئەمەس-جەمىيەت جىسمىدىكى بىر ئەزا دەپ ھېس قىلىدۇ.ئۆزىنى كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ياردەم قولىنى-مىننەت قىلماستىن-سوزىدىغان ئىسىل ئىنسانپەرۋەر جەمىيەتتە دەپ ھېس قىلىدۇ.ئۇ زاكاتنى دۆلەتتىن كۆڭلى يۇقۇرى، بېشى ئۇستۈن ۋە ھۆرمىتى جاراھەتلەنمىگەن ھالدا قوبۇل قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى ۋە تەقسىم قىلىنغان نىسىۋىسىنى ئالىدۇ. ناۋادا مۇسۇلمان جەمئىيىتى قالايمىقانچىلىققا ئۇچراپ، شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرى زاكاتنى تارقىتىشقا توغرا كەلسىمۇ، قۇرئان كەرىم زاكات تارقاتقان شەخسلەرنى كەمبەغەللەرگە ئاھانەت قىلىش ياكى ئۇستۈنلۈك قىلىپ ئۇلارنىڭ ھېس تۇيغۇسىنى جاراھەتلەندۈرۈشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ:"ئى مۆمىنلەر!پۇل-مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان،الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى(نىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە)ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار.بۇنداق(پۇل-مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان)ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا-چاڭ قونۇپ قالغان،قاتتىق يامغۇردىن كېيىن(يۇيۇلۇپ)بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا

ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن(ئاخىرەتتە)ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ"بەقەرە سۈرىسى، 264ـئايەت. كەمبەغەللىنىڭ تۇيغۇسى جەمئىيەتتە زايا بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۇنىڭ شەخسىيىتى ئۈچۈن زور ئۈتۈق ۋە نەپسىنى پاكلاشتۇر. كەمبەغەللىنىڭ مۇشۇ تۇيغۇنى ھېس قىلىشى ئاددى قارىغىلى بولمايدىغان زور بايلىقتۇر.

ئىنسانىنىڭ زىمىنىدىكى ۋەزىپىسى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ نەزرىدە ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكى كەمبەغەللىنىڭ تاشلىنىپ قالماسلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ، كەمبەغەللىنىڭ تاشلىنىپ قېلىشى ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋە پەرۋەردىگارىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىن غاپىل قالدۇرىدۇ، ئۇنى مىللىتى ۋە مەجبۇرىيىتىدىن ئايرىپ قويىدۇ. سەۋەبى كەمبەغەل قورساق تويغۇزۇش(يەنى ئاچارچىلىقنى توسۇش)ئەۋرىتىنى يېيىش ۋە تۇرالغۇ جايغا ئېرىشىش بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. دېمەك، قورساق، كىيىم-كېچە ۋە تۇرالغۇغا ئېرىشىش ئۈچۈن يۇقىرىقى ئىشلاردىن سىرت ئېتىقادى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنىمۇ ساتىدۇ، بۇ ئىشلار جەمئىيەتىمىزدە خېلى كەڭرى، ساتقۇنلار ۋە خىرىستىيانلار بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر...

4.زاكاتنىڭ كەمبەغەللىكنى داۋالاشتىكى رولى:

زاكاتنىڭ كەمبەغەللىكنى داۋالاشتىكى رولىنى ھېچ بىر مۇسۇلمان ئىنكار قىلالمايدۇ.لېكىن كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار زاكاتنىڭ رولىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار زاكات پەقەت كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دەپلا چۈشىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە زاكات ئىسلام نەزرىدە كەمبەغەللىكنىڭ بىردىن بىر دورىسى ئەمەس، زاكاتتىن باشقا شۇ شەخسنىڭ

ئۆزى ھەرىكەت قىلىشى ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۆتەشكە ياردەم قىلىشى لازىم. زاكاتتىن سىرت باي تۇققانلىرى ئۇنىڭ چىقىمىنى ئۈستىگە ئېلىشى، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئورگانلىرى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى، مۇستەھەب سەدىقە، كاففارەت...دېگەندەك باشقا تۈرلەرمۇ بار.بۇلارنىڭ ھەممىسى-زاكات بىلەن بىرلىكتە-كەمبەغەللىكنى داۋالاشقا ۋە ئۇنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاشقا خىزمەت قىلىدۇ.

زاكاتنىڭ رولى پەقەتلا كەمبەغەللىك ۋە ئۇنىڭ تارماق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئىستىمال قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭ رولى بەك يۇقىرى.زاكاتنىڭ غايىلىرىنىڭ قاتارىغا كىشلەرنىڭ((غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ) قەلبىنى ئىسلامغا تارتىش،ئاجىز مۇسۇلمانلارنى زاكات ئارقىلىق كۈچەيتىش، شۇنداقلا قەرزدارلارنى ياخشىلىق يولىدا رىغبەتلەندۈرۈشمۇ زاكاتنىڭ رولىدىن.شۇنداقتىمۇ زاكاتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى كەمبەغەللىك قىيىنچىلىقىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلاشتۇر، رەسۇلۇللاھ زاكات توغۇرلۇق سۆزلىگەندە ئۇنىڭدىن باشقا غايىسىنى بايان قىلمىدى، مۇئازنى يەمەنگە مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتكەندە:"زاكات ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ كەمبەغەللىرىگە قايتۇرىلىدۇ"دېگەن.(بۇخارى رىۋايەت قىلغان.)

5. كەمبەغەللىك قىيىنچىلىقىنى سەۋەبلىرىنى داۋالاش بىلەن ھەل قىلىش:

زاكات ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق بىجىرىشى ئۈچۈن كەمبەغەل شەخس ياكى گورۇھنىڭ كەمبەغەللىك سەۋەبى بىلىنىشى لازىم.چۈنكى كېسەللەر تۈرلۈك بولسا داۋالاش ئۇسۇلىمۇ تۈرلۈك بولىدۇ.كەمبەغەللىك كېسىلى ھەقىقى تەكشۈرۈلمىگەندە دورا ئۈنۈملۈك بولمايدۇ.كەمبەغەللىكنىڭ سەۋەبى:بىكار-تەلەپلىك، ھورۇنلۇق، ياكى

خىزمەت ئىزدەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان كەمبەغەللىك خىزمەت قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ قالغان كەمبەغەللىككە ئوخشىمايدۇ.ئۇ كەمبەغەللىك پەرزەنتلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە كىرىمىنىڭ ئازلىقىدىن كېلىپ چىققان كەمبەغەللىك بىلەن بىر ئورۇندا مۇئامىلە قىلىنمايدۇ.

مەسىلەن:

1. بىكارتەلەپلىك-مەيلى ئۇ ئىختىيارى بولسۇن ياكى مەجبۇرى بولسۇن-تىن كېلىپ چىققان كەمبەغەللىك.

2.ئۆزگە يەتكىدەك بىر نەرسە كىرىم قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن كەمبەغەللىك،بۇ تۈردىكى كەمبەغەللىكنىڭ سەۋەبى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

*بىرىنچى سەۋەب:جىسمانى ئاجىزلىق ياكى ئائىلىدە خەۋەر ئالىدىغان ئادەمنىڭ بولماسلىقىدىن ياش كىچىكلىك ياكى ياشىنىپ قېلىش ياكى ئېغىر كېسەللىكتۇر. بۇ تۈردىكى كەمبەغەلگە زاكاتتىن ئاجىزلىقىنى تولۇقلىيالىغۇدەك دەرجىدە بېرىلىدۇ.بۇگۈنكى دەۋردە ئىلىم-پەننىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن قارىغۇ، گاس ۋە گاچىلارغا مۇناسىپ خىزمەت تېپىلماقتا، ئۇنداقتا بۇ ساھەدە ئۇلارنى شۇ خىزمەتكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن زاكاتنى ئىشلەتسەك بولىدۇ.

*ئىككىنچى سەۋەب:خىزمەت قىلىشقا قادىر بولۇپ، ئىزدەنسىمۇ هالال خىزمەت يوللىرىنىڭ تېپىلماسلىقى.بۇلارغىمۇ-گەرچە ئۇلار بەدەن كۈچىگە ئىگە بولسىمۇ-جىسمانى ئاجىزلار هۆكمىدە زاكات بېرىلىدۇ.چۈنكى بەدەننىڭ كۈچى خىزمەت بولمىسا ئاچارچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ. ئىمام ئەهمەد رىۋايەت قىلغان هەدىستە، ئىككى ياش يىگىت رەسۇلۇللاهنىڭ قېشىغا بىر نەرسە سوراپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاه

ئۇلارغا تولۇق بىر قۇر قاراپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ كۆچلۈك ئىكەنلىگىنى بايقاپ:"ئەگەر خالىساڭلار سىلەرگىمۇ بېرەي، لېكىن شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، زاكاتتا باي ۋە خىزمەت قىلالايدىغان كىشىنىڭ نىسىۋىسى يوق"دېگەن. خىزمەت قىلالايدىغان كۆچلۈك كىشىنىڭ زاكاتتا ھەققى بولمايدۇ،لېكىن ئۇ سەۋەب قىلىپمۇ ھالال خىزمەت تاپالمىسا ياكى مۇباھ بولمىغان خىزمەت تاپقان بولسا ئۇ چاغدا زاكات ئالسا ھالال بولىدۇ.

3.ئورتاھال كەمبەغەللەر، بۇلار خىزمەت قىلىشتىن ئاجىز كەلمەيدۇ، ھەم بىكار تەلەپمۇ ئەمەس، ئۇلار خىزمەت قىلىدۇ ۋە مائاش ئالىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىرىمى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن نورمال ھاجىتىدىن چىقالمايدۇ،ئۇنىڭ كىرىمى ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى ئورۇندىيالمايدۇ.يەنى پەرزەنتلىرى كۆپ، كىرىمى ئاز ھۈنەرۋەنلەر، خىزمەتچىلەر ۋە دېھقانلارغا ئوخشاش...زاكاتتا بۇلارنىڭمۇ بىر ئۈلۈش ھەققى بولىدۇ، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ساھابىللىرگە ھەققى مىسكىننىڭ كىملىك خەرىتىسىنى سىزىپ بەرگەندە بۇلارنىڭ كىشلەرنىڭ نەزرىدىن ساقىت بولۇپ قالىدىغانلىقىغا دىققىتىمىزنى قاراتقان،مانا بۇلارمۇ ياردەمگە ھەقلىق بولغانلاردۇر.رەسۇلۇللاھ:"بىر ئىككى خورما ياكى بىر پارچە نان بىلەن قايتىپ كېتىدىغان مىسكىننى ھەقىقى مىسكىن دىمەيمىز، ھەقىقى مىسكىن دېگەن ئىززىتىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزىنى ئىپپەتلىك تۇتىدۇ(يەنى ئابروينى سېتىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ)،خالىساڭلار مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار:"ئۇلار كىشلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ"(بەقەرە سۈرىسى،273-ئايەت) دەيدۇ" ئاللاھ بۇ تۈردىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ:"ئۆزىنى الله يولىغا

ئاتىغان،(تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن)يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير-ئېھسان قىلىنىشى كېرەك.ئەھۋالىنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ،ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ.ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن،ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ.مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ئېھسان قىلماڭلار،الله ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر"."(بەقەرە سۈرىسى،273-ئايەت). مانا بۇ تۆردىكى كىشلەر رەسۇلۇللاھ كۆرسەتمە بەرگەندەك ياردەمگە ھەقلىق بولغانلاردۇر، ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە:"مىسكىن دېگەن كىشلەرنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان، بىر پاچە نان بىلەن ياندىغان كىشىنى مىسكىن دېمەيمىز، ھەقىقى مىسكىن دېگەن ئۆزىگە ئەسقاتقىدەك بايلىق تاپالمايدۇ، كىشلەر ئۇلارغا دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ، ئۇلارمۇ كىشلەردىن بىر نەرسە سوراپ يۈرمەيدۇ"دەپ سۈپەتلىگەن. ئىمام ھەسەن بەسەرى، تۇرالغۇ ئۆيى ۋە خىزمەتچىسى بار ئادەم زاكات ئالسا بولامدۇ؟دەپ سورالغاندا، ئۇ:ئەگەر مۇھتاج بولسا ئالسا بولىدۇ، گۇناھ بولمايدۇ،دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىمام شافئى:ئەگەر بىر ئادەمنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى بولسىمۇ كىرىمى نورمال ھاجىتىدىن چىقالمىسا، ئۇ مىسكىن ياكى پەقىر ھېسابلىنىدۇ، ئۇ زاكات ئالسا بولىدۇ،دەيدۇ.(مۇغنى،2-توم،525-بەت).ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەزەمنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كۆز قاراشلىرى بار.

ئۇنداقتا زاكاتتىن مەقسەت پەقەت بىر نەرسىسى يوق ئادەمگىلا بېرىش مەقسەت ئەمەس، زاكاتتىكى مەقسەت ئاساسلىق ھاجىتىدىن چىقالمايدىغان ئادەمنى باي قىلىش دېگەنلىكتۇر. زاكات كەمبەغەللىكتىن توي قىلالمىغان كىشلەرگە ۋە ئوقۇش دەرسلىك كىتاۋى سېتىۋالالمىغان ئوقۇغۇچىلارغىمۇ بېرىلىدۇ. ئالىملار:كەمبەغەل توي قىلمىغان بولسا، توي قىلىشقا مۇھتاج بولسا توي قىلىشقا يەتكىدەك زاكات

ئالىدۇ،دەيدۇ(ھاشىيە رەۋزى 1-توم،400-بەت، ماتالىب ئۇلۇنۇھا،2-توم،174-بەت).
ھەزرتى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھەر كۈنى كىشلەر ئىچىدە:قەرزدالار قېنى؟ مىسكىنلەر قېنى؟ توي قىلماقچى بولغانلار قېنى؟دەپ توۋلاشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرغان، يەنى توي قىلماقچى بولغانلارنىڭ ھاجىتىنى دۆلەت خەزىنىسىدىن قاندۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان.(ئىبنى كەسىرنىڭ:بىدايە ۋە نىھايە 9-توم 200-بەتكە قاراڭ).
ئىسلامدىكى ئىلىم ئېلىش مەخسۇس دىنى ئىلىملارغا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئىسلامدىكى ئىلىم مۇسۇلمانلار جىسمانىيتىنىڭ سالامەتلىكى، ئىقتىسادى ۋە تەرەققىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇھتاج بولىدىغان پايدىلىق ھەر قانداق ئىلىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.رەسۇلۇللاھ:"ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر قانداق مۇسۇلمانغا پەرز"دېگەن.(ئىبنى ئابدۇلبەر رىۋايەت قىلغان، ئىمام سۇيۇتى سەھى دېگەن.) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئالىملىرى ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەنلەر زاكات ئالىدۇ، ئىبادەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىۋەتكەنلەرگە زاكات ھارام بولىدۇ دېگەن.چۈنكى ئىسلامدىكى ئىبادەت ئۆزىنى ئاتىۋېتىش يەنى باشقا ئىشلارنى تاشلاپ بوشىنىشقا مۇھتاج بولمايدۇ، ئىبادەت قىلسا پايدىسى ئۆزىگە بولىدۇ.ئەمما ئوقۇغۇچىنىڭ پايدىسى ئۆزىگە ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا بولىدۇ.(ئىمام نۇۋەۋىنىڭ:"مەجمۇ"ناملىق كىتاۋىنىڭ 6-توم، 190- بېتىگە قاراڭ). ئىسلام دىنى ئۆگىنىلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى، ئالىملار:كەمبەغەل ئوقۇغۇچى دىنى ۋە دۇنيالىقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كىتابلارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن زاكات ئالسا ھالال بولىدۇ،دېدى.( "ھەنبەلى فىقھىسىدىكى ئىنساپ" ناملىق كىتابىنىڭ 3-توم 165-بېتىگە قاراڭ).

كەمبەغەللەرگە زاكات بېرىشتە كەمبەغەللىكنىڭ شارائىتى ۋە تۇرمۇشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ، كەمبەغەللەرگە زاكات بېرىش تاللانما پىكىرگە ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1.بىكار تەلەپلىك سەۋەبىدىن كەمبەغەل بولۇپ قالغان كىشى، ئۇ ۋاقتى كەلگەندە بىر ئىش قىلالايدۇ ۋە ئۆزىنى ئۆزى قامداپ كېتەلەيدۇ.مەسىلەن، باغاچچى، تىجارەتچى، دېھقان، ماشىنچى...لېكىن ئۇ سايمانغا مۇھتاج، مۇنداق كەمبەغەللەرگە-زاكاتقا قايتا مۇھتاج بولمىغىدەك دەرجىدە-زاكات بىر قېتىم يەتكىدەك بېرىلىدۇ.يەنى ئۇ كېتەرلىك سايمان سېتىۋېلىپ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئوڭشاشقا يەتكىدەك نەرسە بېرىلىدۇ. بۇ شۇ ئارقىلىق زاكات ئالغۇچىدىن زاكات بەرگۈچىگە ئايلىنىدۇ ۋە جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقارغۇچى كۈچكە ئايلىنىدۇ.

2 .كېسەل، قارىغۇ، قېرىلىق، تۇل، يېتىم...لەرگە ئوخشاش كەسىپ ياكى خىزمەت قىلىشتىن ئاجىز كەمبەغەللەر.بۇلارغا زاكات يىلدا يەتكىدەك بېرىلىدۇ، يەنى ھەر يىلى بۇلار زاكات ئالىدۇ.ئۇلارنىڭ پۇلنى جايىدا ئىشلىتەلمەسلىكىدىن قورقسا ئايغا بۆلۈپ مائاش شەكلىدە بەرسىمۇ بولىدۇ.ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب:"بەرسەڭلار باي قىلىڭلار"دېگەن.ئىبنى ئەبى شەيبە رىۋايەت قىلغان. يەنى كەمبەغەللىكنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشنى مەقسەت قىلماي، كەمبەغەللىكنى يىلتىزىدىن قۇرتۇشنى مەقسەت قىلىڭلار دېمەكچى. ئۇ يەنە:"ئەگەر بىرسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يۈز تۆگە كەتسىمۇ بېرىمەن"دېگەن(ئەبى ئۇبەيدىنىڭ"ماللار"ناملىق كىتاۋىنىڭ 565-بېتىگە قاراڭ). بۇنىڭدىن شۇ چىقىپ تۇرىدۇكى، كۆپلىگەن كىشلەر خىيال قىلغاندەك كەمبەغەللەرگە بىر قاچا بۇغداي ياكى بىر ئىككى يۈۋەن بېرىش مەقسەت ئەمەس.زاكاتنىڭ مەقسىتى ئۇلارغا مۇناسىپ تۇرمۇش ھازىرلاپ بېرىش، ئۇلارنىڭ

ئىنسانلىقى ۋە ئادالەت دىنىگە ۋە مۇسۇلمان سۈپىتىگە لايىق تۇرمۇش ھازىرلاپ بېرىشتۇر.ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى بىر ئائىلىنىڭ مۇناسىپ يېمەك-ئىچمىكى، يازلىق ۋە قىشلىق كىيىم-كېچىكى ۋە مۇناسىپ تۇرالغۇ جايىنىڭ بولۇشىدۇر. ئالىملىرىمىز نادانلىق ۋە ساۋاتسىزلىقنى يوقۇتۇشمۇ ئىنساننىڭ ئاساسلىق يىلتىزى ھاجەتلىرىنىڭ بىرسىدۇر دەپ بايان قىلغان. چۈنكى نادانلىق ئۆلۈم ۋە ھالاكەتتىن ئىبارەت.بۈگۈنكى زاماندا ھېچ بولمىغاندا تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىغا ئوقۇمىسا نادان قاتارىدا قالىدۇ. بۇ دەۋردە بىر كىشى كېسەل بولۇپ قالسا داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشمۇ زۆرۈر، كېسەلگە ياردەم قىلماي تاشلاپ قويغانلىق بىر جاننى ئۆلتۈرگەنلىك ۋە ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغانلىق بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ:"مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە تاشلاپ قويمايدۇ"دېگەن.دېمەك، كەمبەغەللىكنى داۋالاش ھەر بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە مۇھىتىغا قارىتا بەلگىلىنىدۇ. كەمبەغەللىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنى يوقىتىدۇ.

مەسىلەن: كەمبەغەلچىلىك، كېسەللىك، نادانلىق، بويتاقلىق، تىرىپسەنلىك كىرزىسلىرىنى يوقىتىدۇ. زاكات بۈگۈنكى كۈندە دىيارىمىزدا كىرسىنگە تۇتۇشقان ئوتتەك يامراپ كېتىۋاتقان خىرىستىيانلاشتۇرۇش ھەركىتىگە قارشى رولىنى ئادا قىلالايدۇ. زاكاتنىڭ ئاساسلىق بىر مەقسىتى باشقا دىندىكىلەرنى تارتىش ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئەمەسمۇ؟ ھازىر ئۇنىڭ ئەكسىچە مۇسۇلمان ياشلىرى كەمبەغەللىك سەۋەبىدىن ئىسلام ئېتىقادىن يۈز ئۆرۈپ، باتىل خىرىستىيان دىنىنى پۇل ئۈچۈن قوبۇل قىلىۋاتىدۇ.زاكاتنى مۇشۇ ئورۇنغا ئىشلىتىپ بىزدىكى ئەڭ چوڭ كىرزىس بولغان خىرىستىيانلاشتۇرۇش ھەركىتىنىڭ ئالدىنى

ئالايلى، بولمىسا ئاقىۋىتىنى كېيىن تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. زاكات بېرىشكە تېگىشلىك كىشلەر زاكاتلىرىنى كەمبەغەل ياكى خىرىستىيان بولۇپ كېتىۋاتقان ياشلارغا بەرسە بۇ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، بۇ ئىسلام بۇيرۇغان ۋە كۆرسەتكەن بىر يول.ئەگەر زاكات بېرىشكە ھەقلىق تۇرۇپ بۇ خەتەرنىڭ ئالدىنى بايلار ئالمىسا ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنى تارتىدىغان جازاسى ئەڭ يۇقىرى ۋە كۆپ بولىدۇ.ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاڭ:"ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە)ئۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ،ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى،يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ.ئۇلارغا:«بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلار(سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى الله نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار »دېيىلىدۇ" تەۋبە سۈرىسى، 34-35-ئايەت. يەنە شۇنى بىلىشى كېرەككى، ھەر قانداق مالغا زاكات كېلىدۇ، زاكات پەقەت پۇل بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ:"ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق(يەنى زاكات)بېرىدۇ"مائارىج سۈرىسى،24-ئايەت. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:"(ئى مۇھەممەد!)ئۇلارنىڭ ماللىرىدىن سەدىقە ئالغىن"دەيدۇ،(تەۋبە سۈرىسى، 103-ئايەت. بۇ ئايەتتىكى "مال"دېگەن سۆز ئومۇمى كەلگەن،تۇرلۇك ماللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش لازىمكى، دىيارىمىزدا ئېتىقادنىڭ بۇزۇلۇپ ۋە ئەخلاقنىڭ چىرىكلىشىگە سەۋەب بولۇۋاتقان ئاساسلىق ئامىل كەمبەغەللىكتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىسىم ئۇيغۇر قىزلىرى پۇل ئۈچۈن ئىپپىتىنى سېتىپ يۈرمەكتە.پاھىشىنىڭ بىر مىللەتتە يامراپ كەتكەنلىكى شۇ مىللەتنىڭ پۈتۈن زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى، پاھىشە كۆپەيدى ئېتىقاد بولمايدۇ، ئېتىقاد بولمايدۇ ئەخلاق بولمايدۇ، ئەخلاق بولمايدۇ مىللەت

زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ.

* ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك يەنە بىر نوقتا شۇكى، قايسى ئورۇن بەك ئېھتىياجلىق بولسا زاكاتنى شۇلاردىن باشلاش لازىم، زاكات بېرىشتە ئەۋزەللىك ئۇقۇمىنى ئاساس قىلىش مۇھىم. بۈگۈنكى كۈنىمىزدە خىرىستىيانلىشىۋاتقان ۋە ئىپپىتىنى سېتىۋاتقان قىزلارنىڭ مەسىلىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويماق كېرەك. ئاللاھ تائالادىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى، مىللىتىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان، بىر بىرىگە كۆيۈنىدىغان، شەخسىيەتچىلىكتىن يىراق ئالىجاناب بۈيۈك ئەقىدە ۋە ئەخلاق ئاتا قىلىشىنى سورايمىز.